# ئىختىساسلىقلار تۈۋەنگە چۆكۈش، پەن ـ تېخنىكىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ليۇ خې يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى يېڭى دەۋردە پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈزۈمىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشنىڭ تۈپ مىزانى ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى. 20 يىلدىن بۇيان، پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈزۈمى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا مۇلازىمەت قىلىشنى چىقىش نۇقتىسى ۋە نىشانى قىلىش، پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى ئاساسىي گەۋدە، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى بەلباغ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. يېڭى دەۋردە پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈزۈمىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە ھۇجۇم قىلىشنى زىچ چۆرىدەپ، تۈزۈم سىستېمىسى ۋە سىياسەت مۇھىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىلى قوشۇنىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زورايتىپ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرىغىچە كېڭەيتىش كېرەك.

يىغىندا 92 پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىلى ۋە 43 تەشكىللەپ يولغا قويغان ئورۇن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنىپ تەقدىرلەندى. جېجياڭ ئۆلكىسى، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ نەنپىڭ شەھىرى، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ جىڭگاڭشەن شەھىرى ۋە پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىندا پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ۋە پىلانى ئايرىم شەھەرلەر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنىپ تەقدىرلەنگەن قىسمەن پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىللىرى ۋە تەشكىللەپ يولغا قويغان ئورۇنلار ۋەكىللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىنچىدىن، خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى پۇختا ئېگىلەش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئەڭ چوڭ ئىش ۋە بىرىنچى خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى قىلىپ، ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مۇقىملىق، تەرەققىياتنىڭ پايدىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش داۋامىدا تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئېغىر نامراتلىق ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت قىيىن نۇقتىنى پۇختا ئېگىلەش كېرەك. ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامراتلار توپىنى نىشانلاپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم»نى ئالغا سىلجىتىپ، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، گەۋدىلىك چەكلىمىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مۇھىم، زور نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇشى ۋە كەنتلەرگە، ئائىلىلەرگە بېرىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى تۇتقا قىلىپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، مەنبەدىن يۆلەش، جىسمانىي جەھەتتىن يۆلەش، قەلب جەھەتتىن يۆلەشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، تەلەپكە توغرىلىنىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت بۇ تۆۋەن چەكنى پۇختا ئېگىلەش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» تەلىپىگە توغرىلىنىپ، نېمە كەم بولسا شۇنى تولۇقلاش، ئەڭ قىيىنچىلىقتا قالغانلار توپىدىن قول سېلىش، ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلىلەردىن باشلاپ كۆزلەش، ئەڭ ئاجىز ھالقىدىن باشلاپ تۇتۇش قىلىش، دىققەتنى كەمتۈكلۈكلەرگە قارىتىپ، بايلىقلارنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دەل جايىدا كۈچەپ، بىرمۇبىر تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ئومۇميۈزلۈك مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىنى پۇختا ئېگىلەش كېرەك. بىر قولدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تۇتۇپ، بىر قولدا قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ھەرىكەتچان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆلچەمنى چىڭىتىپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت بۇ تەلەپنى پۇختا ئېگىلەش كېرەك. مەخسۇس تۈر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ساھەلەر نامراتلارنى يۆلەش، جەمئىيەت نامراتلارنى يۆلەش، شىنجاڭغا ياردەم بېرىپ نامراتلارنى يۆلەشتىن ئىبارەت نامراتلارنى چوڭ يۆلەش ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ماسلىشىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بايلىق تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، قاتتىق، ئەمەلىي، ھەقىقىي بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي قائىدىنى پۇختا ئېگىلەش كېرەك. باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى چوڭقۇر تۈزەپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، ئېسىل ئىستىل ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ كاپالەتنى پۇختا ئېگىلەش كېرەك. سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، «قوش گۇرۇپپا باشلىقى» تۈزۈمىنى ھەقىقىي تۇتۇپ، ئاپتونوم رايون باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، شەھەر، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇش، قاتلاممۇقاتلام بېسىم يەتكۈزۈش، قاتلاممۇقاتلام مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاستە قاراشلىق ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرگۈزۈلۈپ، قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشى كاتتا ئۇلۇغۋار پىلانى ئاستا ـ ئاستا قانات يايدۇرۇلۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ھاياتىي كۈچكە تولغان، مۇۋەپپەقىيەتلىرى شانلىق قانۇنچىل جۇڭگونى ئورتاق قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

دۆلەت ئاساسىي قانۇن كۈنى تەسىس قىلىشتىن ئاساسىي قانۇن تەشۋىقات ھەپتىلىكىنى قانات يايدۇرۇشقىچە، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلاردىن ياشانغانلارغىچە، ئورگان، يېزا، كەنت، مەھەللە، مەكتەپتىن تور بېكىتى، مىكرو بىلوگ، ئۈندىدار، تېرمىنالغىچە، ھەممە ئادەم قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدىغان، پۈتۈن جەمئىيەتتە قانۇننى كەڭ ئومۇملاشتۇرىدىغان ۋەزىيەت تېز شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئىش بېجىرىشتە قانۇنغا ئاساسلىنىدىغان، ئىشقا يولۇققاندا قانۇننى ئىزدەيدىغان، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا قانۇندىن پايدىلىنىدىغان، زىددىيەتلەرنى پەسەيتىشتە قانۇنغا تايىنىدىغان قانۇنچىللىق ئىدىيەسى ھازىر پۈتۈن جەمئىيەتنى باھار شامىلىدەك ئىللىتىپ، كىشىلەر قەلبىنى يايراتتى.

يول يىراق ھەم ئۇزۇن، ئەمما يىراق بولسىمۇ چوقۇم يېتىش كېرەك؛ كۆڭۈلدىكى ئىنتىلىشكە تىرىشقاندىلا يەتكىلى بولىدۇ.

دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، بۇ بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم مۈشكۈل ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپە، تېخىمۇ مۇھىمى بىر مەيدان چوڭقۇر ھەم مۇھىم، زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش.

2020 ـ يىلىغا بارغاندا، فۇنكسىيەسى ئىلمىي، ھوقۇق ـ مەسئۇلىيىتى قانۇندا بەلگىلەنگەن، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان، ئاشكارا ـ ئادىل، پاك ـ ئۈنۈملۈك، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، لەۋزىدە تۇرىدىغان قانۇنچىل ھۆكۈمەت ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىلىدۇ...

2035 ـ يىلىغا بارغاندا، قانۇنچىل دۆلەت، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، قانۇنچىل جەمئىيەت ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەر تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ...

كەلگەن يولىمىزغا قارىساق، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى. جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتى، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن يېڭى ۋەزىيەت ئاچتى.

كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، يېڭى دەۋردە قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇلۇشى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەزمەن تېخىمۇ كۈچلۈك، مۇستەھكەم كاپالەت بەرپا قىلىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئورتاق تەرەققىي قىلدىغان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە ئۆستۈرۈشكە بىردەك قوشۇلۇپ، جۇڭگو بىلەن تىنچ ئوكيان ئارال دۆلەتلىرى مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى باسقۇچىنى باشلىدۇق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 3 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ـ تىنچ ئوكيان ئارال دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھەمكارلىق مۇنبىرى ئۆتكۈزۈش مەن تىنچ ئوكيان ئارال دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى بىلەن ھاسىل قىلغان مۇھىم ئورتاق تونۇش، ئىككى تەرەپنىڭ بۇ مۇھىم سۇپىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، سۆھبەت، ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقىدا تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ، خاتىرجەم بولۇشىنى ساقلاش رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇشىغا ئېھتىياجلىق. مۇرەككەپ خەۋپسىزلىك تەھدىتىگە قارىتا، ھەرقايسى دۆلەتلەر زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يادرولۇقىدىكى خەلقئارا سىستېمىنى قەتئىي قوغداپ، يېڭىچە خەۋپسىزلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رايون تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن خەۋپسىزلىك رامكىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ ۋە ئومۇميۈزلۈك بەختەر بولۇشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، خەلقئارالىق ئۆلچەمنى پائال كېڭەيتىدۇ، قوللايدۇ، يۇقىرى ئۆلچەم ئارقىلىق يۇقىرى تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا كۈچ قوشۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. جۇڭگو داۋاملىق تۈردە خەلقئارالىق ئۆلچەملەشتۈرۈش پائالىيەتلىرىنى پائال قوللايدۇ ۋە قاتنىشىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە خەلقئارا ئۆلچەم سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆلچەمنىڭ خەلقئارا سودا ۋە يەرشارى ئىدارە قىلىشتىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى خالايدۇ.

خەلقئارا ئېلېكتر تېخنىكىسى كومىتېتى 1906 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئېلېكتر تېخنىكىسى، ئېلېكترون ساھەسىنىڭ خەلقئارا ئۆلچىمىنى تۈزىدىغان تەشكىلات، خەلقئارا ئېلېكتر تېخنىكىسى كومىتېتى يىغىنى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك يىغىنى ھېسابلىنىدۇ. 83 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئېلېكتر تېخنىكىسى كومىتېتى يىغىنى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە شاڭخەيدە ئېچىلدى، باش تېمىسى «سۈپەت گۈزەل تۇرمۇشنى يارىتىدۇ»، جەمئىي 100دىن ئارتۇق دۆلەتتىكى 3800دىن كۆپرەك مۇتەخەسسىس جۇڭگوغا كېلىپ يىغىنغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىندى.

---

# ئەسلى مەقسەت، بۇرچ ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى مۇجەسسەملەش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇش... باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ چىقىلغان مەسىلىلەرنى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق دۆلەت مۈلكى مەبلەغچىلىك تىجارەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پائال تەدبىر قوللىنىپ كۈچەپ ھەل قىلدى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق دۆلەت مۈلكى مەبلەغچىلىك تىجارەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى رەھبەرلىك بەنزىسى نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئۈچ قېتىم جەمئىي يەتتە كۈن مەركەزلىك ئۆگىنىش قىلدى ھەم ھەر ھەپتىلىك، ھەر ئايلىق ئۆگىنىش پىلانى تۈزۈپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى دائىملاشتۇردى، تۈزۈملەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، باش تېما تەربىيەسى بىلەن كەسپىي خىزمەتنى ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش قاتارلىق بەش تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېمىسىنى بېكىتىپ، بالا شىركەتلەرگە، ھەمكارلاشقان كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ 12 قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، يۈزتۇرا پىكىر ئېلىپ، 38 مەسىلىنى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ چىقتى.

باش تېما تەربىيەسىدە، قومۇل قۇرۇلۇش(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەركەزلىك ئۆگىنىش بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيىتىنى ئېگىلەشكە تەشكىللىدى ھەم ئۆگىنىشنى قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە يەتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىشنى بىرىنچى سەپتە قانات يايدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. باش تېما تەربىيەسىنى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتكە سىڭدۈردى، بەنزە ئەزالىرى ئاساسىي قاتلامدىكى ئورۇنلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئىگىلەپ، مەسىلە تىزىملىكى تۈزۈپ، قانداق قىلىپ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، قانداق قىلىپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ جىددىي، قىيىن، غەم قىلىۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش قاتارلىقلار توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى شەكىللەندۈرۈپ، تۈزىتىش لايىھەسىنى تۈزۈپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى.

قومۇل قۇرۇلۇش گۇرۇھى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر ما جيەنرۇڭ مۇنداق دېدى: «باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، يېتەرسىزلىكنى تەكشۈرۈپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، تىجارەت مەسىلىسىنى، ئىشلەپچىقىرىشتىكى قىيىن مەسىلىنى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تېمىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تاماملاپ، كارخانىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولىمىز».

جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى پاي چەكلىك شىركىتى خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىسى پارتكومى باش تېما تەربىيەسىدە ئېنىقلانغان 54 پىكىر ـ تەكلىپنى يىغىنچاقلاپ تۈرگە ئايرىغاندىن كېيىن تۈزىتىش تەدبىرىنى تۈزدى. كارخانىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدا ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا، ھەرقايسى پارتىيە ياچېيكىلىرىنى باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش ئارقىلىق كارخانىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق كەسپ تەرەققىياتىنى يېتەكلىدى.

كرېدىت مۇلازىمىتى بىلەن ئەمەلىي ئېھتىياج ئارىسىدا ساقلانغان پەرق قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، قۇرۇلۇش بانكىسى خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىسى ئومۇمىي مەنپەئەتدار پۇل مۇئامىلە كەسپىنى سىجىل كېڭەيتىپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدار پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قوللاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇشنى مەنبەدىن جانلاندۇردى. يېقىنقى مەزگىلدە، 512 كىچىك، مىكرو كارخانىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 154 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى.

**■ ھەقىقىي تۈزىتىش، ئەمەلىي تۈزىتىش ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش**

بۇ بىر قانچە كۈندە، قاراماي شەھىرىنىڭ قاراماي رايونى نېفىت مەھەللىسى 22 ـ بىنادا ئولتۇرۇشلۇق 50 ئائىلە بەكمۇ خۇشال بولدى، چۈنكى قاراماي شەھەرلىك سۇچىلىق شىركىتى ئۇلارنىڭ چىرىپ كەتكەن سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبا لىنىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بەرگەنىدى. «بۇ بىنادىكى سۇ تۇرۇبىسىنىڭ ئىشلىتىلگىنىگە 17 يىل بولدى، ئالدىنقى بىر مەزگىلدە سۇ بىرئاز سارغىيىپ قالغاچقا، ئىچىشتىن تازا خاتىرجەم بولالمىدۇق. سۇچىلىق شىركىتى بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن تېزدىن ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى، سۇ قايتىدىن سۈزۈكلەشتى» دېدى ئاھالە لو جېڭخۇا خۇشال ھالدا.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، قاراماي شەھەرلىك سۇچىلىق شىركىتى پارتكومى مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىلغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ تۈزىتىش تەدبىرى تۈزۈپ، تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، تەرەققىياتنى ئۆزئارا يۇغۇرۇپ ئورتاق ئالغا سىلجىتتى.

ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ روشەن بولماسلىق مەسىلىسىگە قارىتا، قاراماي شەھەرلىك سۇچىلىق شىركىتى پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن تىجارەت خىزمىتىنى ئورتاق پىلانلاش، ئورتاق ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، ئورتاق تەكشۈرۈپ باھالاشتا چىڭ تۇرۇپ، «پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى» «پارتىيە ئەزالىرى مەسئۇلىيەت رايونى» قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، «پارتىيە ئەزالىرى يېڭىلىق يارىتىش، ئۈنۈم يارىتىش ئاۋانگارتلار ئەترىتى» قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ قۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي فۇنكسىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش، ئىلغارلاردىن، نەمۇنىچىلاردىن بولۇش، ئۆزىنى بېغىشلاش بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىشنى كۈچەيتىپ، كارخانىنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

باش تېما تەربىيەسىدە، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى بايىنغولىن ئوبلاستلىق شۆبە بانكىسى پارتكومى رەھبەرلىك بەنزىسى پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈردى، ئەمەلىي تەدبىر چىقاردى، ئەمەلىي ئىشلارنى بېجىردى. «كارخانىنىڭ قەرز پۇل ئېلىش بېسىمىنى يېنىكلىتىپ، كارخانا تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇش ئۈچۈن، كارخانا قەرز پۇل ئالغاندا ھەممىسىنى تۆۋەن ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئىجرا قىلدۇق» دېدى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى بايىنغولىن ئوبلاستلىق شۆبە بانكىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، بانكا باشلىقى جى جۈن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ بانكا مۇئامىلىدارلار بايلىقى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پاختا پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ ئىككىلەمچى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى بىلەن ئۇدۇللىشىشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرىپ، پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ ئىككىلەمچى بازاردىكى سېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا كۈچ قوشتى. ھازىر، بۇ بانكا يېڭى پاختا سېتىۋېلىش ئۈچۈن 1 مىليارد 20 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىشنى تەستىقلاپ، قەرز پۇل ئالغان كارخانىلارنىڭ سېتىۋېلىش مەبلىغىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە «پۇل پاختىنى ساقلاش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، شيا چىڭ، خوتەن مۇخبىرلار پونكىتىدىن شى يىڭيىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار خاۋ جىڭ، ساۋ يىڭۋاڭ، گاۋ يۈفېي، ليۇ ۋېنخۇا يازغان)**